ISTIQLAL

# ئىستىقلال ئاۋازى

ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

ئۆكتەبىر 2023 (ئومۇمىي 39 ـ سان)

توغرا تەشۋىقات ئويغىنىشنىڭ تۇنجى باسقۇچىدۇر



# زىيارەتچىلەر شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەزىيەتنى ئاشكارىلىدى

Istiqlal TV




1-ئۆكتەبىر خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغانلىقىنىڭ 74 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇلدىكى خىتاي باش كونسۇلخانىسى ئالدىدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىشغالىيىتىگە ۋە نۆۋەتتە ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە قارشى نامايىش ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىلىشى ئۆتكۈزۈلدى.

يىغىلىشنى خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى تەشكىللىگەن بولۇپ، پائالىيەت ئالدى بىلەن تۈركىيە ۋە شەرقىي تۈركىستان دۆلەت مارشلىرى بىلەن باشلاندى. ئارقىدىن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان بايانات ئوقۇپ ئۆتتى.

ئۇ باياناتىدا خىتاي كوممۇنىست رېجىمىنىڭ 1949-يىلى شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغاندىن بېرى تۈرلۈك باستۇرۇش ۋە قىرغىن قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكىنى، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ مۇستەقىللىق دەۋاسى ئىكەنلىكىنى، بۇ يەردە پۈتۈن خەلق مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئىرادىسىنى نامايان قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى ۋە: «تۈركىيە پارلامېنتىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىشغال قىلىنغان زېمىن ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىشقا، شۇنداقلا ب د ت نى شەرقىي تۈركىستانغا ۋەكىل ئەۋەتىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان جىنايى قىلمىشلىرىنى تەكشۈرۈشكە چاقىرىمىز» دەپ تەكىتلىدى.

نامايىشتا يەنە خەلقئارا تۈركىستانلىقلار جەمئىيىتى رەئىسى بۇرھان كاۋۇنجۇ سۆز قىلىپ، تۈركىيەدىكى بەزى شەھەرلەرنى خىتاي شەھەرلىرى بىلەن ئورناتقان دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى بىكار قىلىشقا چاقىرىدىغانلىقىنى، ب د ت سەممىي بىر تەشكىلات بولسا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىشغال قىلىنغان زېمىن ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈردى.

ئارقىدىن لاگېر شاھىتى گۈلباھار خانىم

سۆز قىلىپ، خىتاينىڭ ئۆزىنى تۇتقۇن قىلغان ۋاقتىدا نېمە ئۈچۈن تۈركىيەگە بارغانلىقىنى قاتتىق سۈرۈشتە قىلغانلىقى، خىتايلارنىڭ يەنە تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسىنى تېررورچى دەپ قارايدىغانلىقى ھەققىدە گۇۋاھلىق بەرگەندىن سىرت، جازا لاگېرىدىن قويۇپ بېرىلىش ئالدىدا لاگېردىكى تۇتقۇنلارنىڭ ئۆزىدىن لاگېردىكى ئېغىر پاجىئەلەرنى خەلقئارا جەمئىيەتكە بىلدۈرۈشنى ئۆتۈنگەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى.

ئارقىدىن بۈيۈك تۈركىستانلىقلار جەمئىيىتى رەئىسى ئىلياس ساقا سۆز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستانغا خىتاي تاجاۋۇز قىلغاندىن كېيىن، قازاق خەلقىنىمۇ باستۇرۇپ كەلگەنلىكىنى، قازاق خەلقىنىڭ خىتاينىڭ تەلەپلىرىگە نارازىلىق بىلدۈرگەنلىكىنى، ئاخىرى خىتايغا قارشى كۈرەش قىلىش يولىنى تاللىغان قازاقلارنىڭ ھىجرەت قىلغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئاخىردا خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ تاشقى ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى، شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى نۇرمۇھەممەد تۈركىستانىي ئىنگلىزچە بايانات ئېلان قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ 74 يىلدىن بۇيان ئىشغال قىلىنغان بىر دۆلەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى ۋە دۇنيانى، خۇسۇسەن تۈرك-ئىسلام دۇنياسىنى بۇ نۇقتىنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلىشقا، شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە چاقىردى. ئۇ يەنە خىتايغا خىتاب قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ يالغۇز ئەمەسلىكىنى، كۆك بايراق كۆتۈرگەن ئاخىرقى بىر شەرقىي تۈركىستانلىق قالغۇچە كۈرەشنىڭ داۋام قىلىدىغانلىقىنى، خىتايغا مەڭگۈ باش ئەگمەيدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

پائالىيەت بۇرھان كاۋۇنجۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خىتاينىڭ قولىدىن قۇتۇلۇشى، شۇنداقلا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ھالاكىتى ئۈچۈن قىلىنغان دۇئا بىلەن ئاخىرلاشتى.







ھەر يىلى 1-ئۆكتەبىر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار خىتايغا قارشى خىلمۇخىل پائالىيەتلەر ۋە نارازىلىق نامايىشلىرى ئورۇنلاشتۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، بۇ يىلمۇ تۈركىيەدىن باشقا گوللاندىيە، ئاۋستىرالىيە، شىۋېتسىيە، ياپونىيە ۋە ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغانلىقىنىڭ 74 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن نامايىش ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىلىشلىرى ئۆتكۈزدى.

1-ئۆكتەبىر ئاۋستىرالىيەنىڭ ئادىلەيد ۋە كېنزىلەند شەھەرلىرىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار مەزكۇر شەھەرلەرنىڭ ھۆكۈمەت بىنالىرى ئالدىدا خىتاي ئىشغالىيىتى ۋە نۆۋەتتە ئىجرا قىلىنىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرىگە قارشى نامايىش ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىلىشى ئۆتكۈزدى. ئادىلەيدتىكى نامايىشنى ئاۋستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى، كېنزىلەند شەھىرىدىكىنى بولسا شۇ شەھەردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى تەشكىللىدى. نامايىشچىلار قوللىرىدا جازا لاگېرىغا سولىنىپ ئىز-دېرىكى بولمىغان ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ سۈرەتلىرىنى ۋە ھەرخىل شوئارلار يېزىلغان پىلاكاتلارنى كۆتۈرۈپ، يۇقىرى ئاۋازدا شوئار توۋلاشتى. نامايىش ھەر ئىككى شەھەردە خىتاينىڭ جىنايەتلىرىگە قارشى بايانات ئېلان قىلىش بىلەن ئاخىرلاشتى.

گوللاندىيەدىكى نامايىش ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان مائارىپ جەمئىيىتى تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، نامايىشچىلار ماشىنىلىرىنىڭ سىرتىغا «خىتاي ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى توختات!» دېگەندەك شوئارلارنى ۋە شەرقىي تۈركىستان بايراقلىرىنى چاپلاپ يۈرۈش قىلدى. نامايىش خىتاي كونسۇلخانىسى ئالدىدا بايانات ئېلان قىلىش بىلەن ئاخىرلاشتى.

شىۋېتسىيەدىكى ئۇيغۇرلار ئىستوكھولمدىكى خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا نامايىش ئۆتكۈزگەن بولۇپ، خىتاي كونسۇلخانا خادىملىرى ئۇلارنىڭ نامايىشىغا قارشى يۇقىرى ئاۋازدا مۇزىكا قويۇپ ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى بېسىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، نامايىشچىلارنىڭ خىتايغا قارشى توۋلىغان ياڭراق شوئارلىرى خىتاي ئەلچىخانا خادىملىرى قويغان مۇزىكا ئاۋازىنى بېسىپ چۈشتى. نامايىشچىلار ئاخىرىدا بايانات ئېلان قىلىش بىلەن پائالىيەتنى ئاخىرلاشتۇردى.

ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلار بولسا ئامېرىكا ئۇيغۇر بىرلەشمىسى ۋە ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاقساراي ئالدىدا نامايىش ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىشى يىغىلىشى ئۆتكۈزدى.

شۇنداقلا ياپونىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ باشچىلىقىدا ئۆتكۈزۈلگەن نامايىشمۇ ھەم ئۇيغۇرلار، ھەم ياپونلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ناھايىتى جانلىق ئۆتكۈزۈلدى.

ئۇندىن باشقا بېنگال مۇسۇلمانلىرى بېنگال ئۇلىمالار كېڭىشىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن، بېنگالنىڭ داككا ۋە باشقا جايلىرىدا يىغىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئىجرا قىلىنىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە نارازىلىق بىلدۈردى ۋە خىتاي ماللىرىنى بايقۇت قىلىشقا چاقىرىق قىلدى.




# شۋېتسىيەلىك پارلامېنت ئەزاسى قەشقەردىكى سىرلارنى ئاشكارىلىدى

يېقىندا قەشقەر شەھىرىگە بارغان شۋېتسىيە پارلامېنت ئەزاسى جوناس سجوستېد خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇش ھەرىكىتىنى ھەممە جايدا كۆرگىلى بولىدىغانلىقىنى ئاشكارىلىدى.

قىرىم خەۋەر ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، شۋېتسىيەلىك پارلامېنت ئەزاسى، دىپلومات جوناس سجوستېد ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي تاراتقۇ ھېسابىدا 28-سېنتەبىر باياناتى ئېلان قىلىپ: «قەشقەرنىڭ ۋەزىيىتى تەسەۋۋۇر قىلغىنىمدەك ھەيران قالارلىق ئىكەن. ئەسلىدە شەرقىي تۈركىستاندا قەدىمىي كوچا، كوچا تۇرمۇشى ۋە ئۆزگىچە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بار بولۇپ، بۇ مەدەنىيەت ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا دۆلەتلەرنى ئەسلىتەتتى. بۇ ئۆزگىچە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى يىپەك يولىنىڭ ئەڭ ئاۋات مەزگىلىدە بەرپا قىلىنغانىدى. بىر نەچچە سائەت ئايلىنىپ چايخانىلارنى زىيارەت قىلغىلى بولاتتى. ئەمما خىتاي بۇ كۈلتۈر-مەدەنىيەتنى بۇزۇپ يوقاتماقتا» دېگەن.

جوناس سجوستېد باياناتىدا يەنە تۈركىيە ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغان ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ «ئۇ يەردە ھەممە ئىش ناھايىتى نورمال، ئۇيغۇرلار ئىنتايىن خۇشال ياشاۋېتىپتۇ» دېگەن تەشۋىقاتىغا رەددىيە بېرىپ: «خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا ئىجرا قىلىۋاتقان باستۇرۇش ھەرىكىتى داۋام قىلماقتا. شۇڭا كوچىلاردا ئېغىر تىپتىكى قوراللار بىلەن قوراللانغان ساقچىلارنى كۆرگىلى بولىدۇ، ھەممە يەردە كۆزىتىش ئاپپاراتلىرى بار، خىتاي نەچچە مىليون ئۇيغۇرنى تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىغا سولىدى، ئۇلار ئاچارچىلىق، قىيىن-قىستاقنى باشتىن كەچۈرمەكتە، خىتاينىڭ مەقسىتى ئۇيغۇر ۋە ئۇيغۇرنىڭ مەدەنىيىتىنى يوقىتىش» دېگەن.

ئۇ باياناتىدا يەنە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرك دۆلەتلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ قىيىن ئەھۋالىغا سۈكۈت قىلىشى ۋە غەربنىڭ ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى توغرىسىدا يېتەرلىك ئۈن چىقارمىغانلىقىنى بايان قىلىپ: «خىتاي ئىقتىسادىي كۈچى بىلەن ئۇيغۇرلارنى قوللاپ ئۈن چىقارغان دۆلەتلەرنى جازالىماقتا. ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بارغانسېرى ئىقتىسادىي جەھەتتە خىتايغا بېقىنىدىغان بولۇپ قالدى. ھالبۇكى، غەربتىمۇ ئۇيغۇر مەسىلىسى ئۈچۈن چىقىرىلغان سادالار ئىنتايىن ئاجىز بولماقتا» دېگەن.

ئۇ باياناتىنىڭ ئاخىرىدا، جازا لاگېرلىرىغا قامالغان بىگۇناھ ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ۋە ئاتالمىش «قوشماق تۇغقان» نامى بىلەن ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى تىلغا ئېلىپ: «بۇنچە كۆپ ساندىكى كىشىنىڭ تۇتقۇن قىلىنغىنىغا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ، بىر تەرەپتە مىليونلىغان كىشى جازا لاگېرىغا قامالغان ياكى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنماقتا، يەنە بىر تەرەپتىن سىرتتا قالغان باللار ئائىلىسىدىن مەجبۇرىي تارتىۋېلىنماقتا. خىتاينىڭ ھەر بىر ئائىلىدە بىر خىتاينى مەجبۇرىي تۇرغۇزۇشى، مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش تەدبىرلىرى ھەققىدە نۇرغۇن پاكىتلار بار» دېگەن.




يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندا ئۆتكۈزۈۋاتقان جىنايى قىلمىشلىرى خەلقئارا جەمئىيەتتە ئىنچىكە كۆنتەرتىپكە كېلىشى سەۋەبلىك، خىتاي كۈچلۈك بېسىمغا دۇچ كەلمەكتە ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداش ئارقىلىق بېسىمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يالغان تەشۋىقاتلىرى ۋە چەت ئەل ئورگانلىرىنى شەرقىي تۈركىستانغا تەكلىپ قىلىش ئارقىلىق كۆز بوياشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كېلىۋاتقان نوپۇزلۇق ئاخباراتلار خىتاينىڭ تىپىرلاشلىرىغا زەربە بەرمەكتە.

بۇنىڭ جۈملىسىدىن ئاۋستىرالىيە رادىيو شىركىتى (ABC) خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان جىنايى قىلمىشلىرىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلىدى.

ئاۋستىرالىيە رادىيو شىركىتى بۇ ھەقتە خەۋەر ئېلان قىلىپ، خىتايغا قىسمەن بېقىنىپ قالغان مېدىيا ئورۇنلىرى ۋە تەشكىلاتلارنىڭ «نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى نورماللىشىشقا قەدەم قويدى. شىنجاڭدىكى زور تەرەققىياتلارنى كۆردۇق» دېگەندەك تەشۋىقاتلىرىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىغان.

ئاۋستىرالىيە رادىيو شىركىتى مۇخبىرىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، خىتاي ئۇلارنى قەشقەردىكى ئۇيغۇر يەسلىسىنى زىيارەت قىلدۇرغان بولۇپ، ئۇ يەردە ئوقۇغۇچىلار خىتاي تىلىدا شېئىر دېكلاماتسىيە قىلغان. ئاندىن ئويۇن مەيدانىدا ئەنئەنىۋى مۇزىكا بىلەن ئۇسسۇل ئوينىغان.

خىتاي تەشكىللىگەن بۇ ساياھەت بىر ھەپتە داۋاملاشقان بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن يىگىرمىگە يېقىن مۇخبىر قاتناشقان. ئەمما خىتاي رېجىمى مۇخبىرلارنىڭ ئالدىن تەييارلانغان ئورۇنلاردىن باشقا يەرلەرنى كۆرۈپ قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، زىيارەت ۋاقىت جەدۋىلىنى قاتتىق كونترول قىلغان. ۋاقىتلار قاتتىق زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، مۇخبىرلارنىڭ يەرلىك خەلق بىلەن بىۋاسىتە پاراڭلىشىشىغا ۋاقىت بېرىلمىگەن.

خەۋەردە يەنە خىتاينىڭ «شىنجاڭ خەلقى ئەركىن ھالدا دىنىي پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ ئازادە مۇھىتتا ياشايدۇ» دېگەن سەپسەتىسىگە تۆۋەندىكى پاكىتلار ئارقىلىق جاۋاب بەرگەن: «قەشقەردە نامازغا ئەزان ئوقۇش چەكلىنىدۇ، ئۇزۇن ساقال قويغان ئەرلەرنى ۋە ھىجابلانغان قىز-ئاياللارنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس، قەشقەردە قۇرئان كەرىمنى ساتىدىغان بىرمۇ ئادەمنى تاپالمىدۇق. نەچچە يۈز يىللىق ئىسلام تارىخىغا ئىگە بىر رايوندا قۇرئان كەرىم تاپقىلى بولماسلىق نورمال ئەھۋالمۇ؟ ئەسلىدە 5000 مۇسۇلمان ناماز ئوقۇيدىغان، 600 يىللىق تارىخقا ئىگە ھېيتگاھ مەسچىتىدە ناماز ئوقۇيدىغان ئادەمنى كۆرگىلى بولمايدىكەن. نۆۋەتتە ھېيتگاھ جامەسى ئاساسەن ساياھەت ئورنى بولۇپ قاپتۇ. ساياھەت يېتەكچىمىز دەسلەپتە بىزنىڭ ناماز ۋاقتىدا مەسچىتكە كىرىشىمىزنى خالىمىدى، ئەمما ئاخىرىدا بىزگە يول قويدى. بىز ھېيتگاھ مەسچىتىنى زىيارەت قىلغان كۈنى ئاران ئون نەچچە كىشى ناماز ئوقۇغىلى كەلدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ياشانغانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى 50 ياشتىن تۆۋەن ئەمەس ئىدى» دېگەن.

مۇخبىرنىڭ ئېيتىشىچە، خىتاي رېجىمى ساياھەتچىلەرنىڭ ئالدىغا ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ ئىمامى مەمەت جۈمەنى چىقىرىپ قويغان بولۇپ، مەمەت جۈمە ئۇلارغا خىتاي يادلاتقۇزۇۋەتكەن يالغان تەشۋىقاتلارنى تەكرارلاپ بەرگەن.

خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، يېقىنقى يىللاردىن بېرى خەلقئارالىق ساياھەت ئۆمەكلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، ئالدىن تەييارلانغان يالغان سەھنىلەرنى ۋە چەكلىك ئورۇنلارنى زىيارەت قىلدۇرۇپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن كۆز بويامچىلىق قىلىپ كەلمەكتە.




# ئىشغالىيەتنىڭ 74-يىلىدا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ئەرەب قاناللىرىدا كۈنتەرتىپكە كەلدى

خىتاي كوممۇنىست رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغانلىقىنىڭ 74 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھەرخىل نامايىش ۋە پائالىيەتلەر كۆچەيگەن بىر پەيتتە، ئەرەب دۇنياسىدىكى ئاخبارات ۋاستىلىرىدىمۇ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى قايتا كۈنتەرتىپكە كەلدى.

ئەرەب دۇنياسىدىكى ئەڭ داڭلىق قاناللاردىن بىرى بولغان ئەلجەزىرە قانىلى، شۇنداقلا رافىدەين ۋە ۋەتەن قاناللىرى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىنى تونۇشتۇرۇش مەقسەت قىلىنغان، «ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى تونۇشتۇرىمەن» تېمىسىدا 29-سېنتەبىردىن 1-ئۆكتەبىرگىچە ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن سۈرەت كۆرگەزمىسى، لېكسىيە ۋە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى كۆرۈرمەنلىرىگە نەق مەيداندىن تارقاتتى. شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى رەئىسى، ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسى مۇدىرى ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق ئەپەندى ئۇلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، پائالىيەت جەريانىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى. ئارقىدىنلا مەزكۇر قانالالار ئىستانبۇلدىكى خىتاي باش كونسۇلخانىسى ئالدىدا ئۆتكۈزۈلگەن كەڭ كۆلەملىك نامايىشلارنىمۇ نەق مەيداندىن تارقاتتى ۋە قانالالىرىدا مەخسۇس پىروگراما ئورۇنلاشتۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىشغال قىلىنىش جەريانى ۋە نۆۋەتتىكى ئەھۋالى ھەققىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

نۆۋەت بىلەن ھەر ئىككى قانالنىڭ سۆھبىتىنى قوبۇل قىلغان ئابدۇلۋارىس ئەپەندى خىتاي رېجىمىنىڭ نۆۋەتتىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ قايسى دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى، ئىسلام دۇنياسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەكلىكىنى ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان بۇ پاجىئەنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولىنىڭ تولۇق مۇستەقىللىق ئىكەنلىكىنى، مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بۇ نىشان ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى تونۇشتۇردى.




7-ئۆكتەبىر ئەتىگەن شۇ جاي ۋاقتى 6:30 دىن باشلاپ پەلەستىن قارشىلىق كۆرسىتىش تەشكىلاتى «هاماس» ئىسرائىلىيەگە قارشى «ئەقسا كەلكۈنى» نامىدا كەڭ كۆلەملىك هۇجۇم باشلىدى.

ئەلجەزىرە تورىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، «هاماس»نىڭ قوراللىق قىسمى بولغان شەھىد ئىززىددىن ئەلقاسسام بىرىگادىسى ئىسرائىلىيەگە قارشى «ئەقسا كەلكۈنى» ھەرىكىتىنى باشلىغان ۋە ئىسرائىلىيەنىڭ مەسجىدى ئەقسانى دەپسەندە قىلغانلىقىنىڭ بەدىلىنى تۆلەيدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، ئارقىدىنلا ئىسرائىلىيەگە مىڭلىغان راكېتامىيوت قويۇپ بەرگەن ۋە پۈتۈن ئەرەب-ئىسلام دۆلەتلىرىنى پەلەستىن خەلقىنىڭ ھەقلىق ھەرىكەتلىرىگە ياردەم قىلىشقا چاقىرغان.

نۆۋەتتە پۈتۈن دۇنيادىكى تاراتقۇلارنىڭ دىققىتى پەلەستىندە بولۇپ، توقۇنۇش ھېلىھەم شىددەت بىلەن داۋاملاشماقتا. ھاماس تەشكىلاتى يەھۇدىي ئولتۇراق رايونلىرىدىن يەتتىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، مەزكۇر رايونلاردىكى يەھۇدىيلارنىڭ ھەممە نەرسىنى تاشلاپ قېچىشقا باشلىغان كۆرۈنۈشلىرى، شۇنداقلا كۆپلىگەن ئىسرائىلىيە ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە ئائىت سىنلار ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا تارقىلىشقا باشلىدى.

ئىسرائىلىيە ئاخبارات ۋاستىلىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئىسرائىلىيە باش مىنىستىرى نېتانياھو ئىسرائىلىيەنىڭ رەسمىي بىر ئۇرۇش ئىچىدە ئىكەنلىكىنى ۋە ھاماسنىڭ بۇنىڭ بەدىلىنى تۆلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

شۇنداقلا توقۇنۇشتا ھازىرغىچە 22 ئىسرائىلىيەلىكنىڭ ئۆلگەنلىكى، 545 ئىسرائىلىيەلىكنىڭ يارىلانغانلىقى بىلدۈرۈلگەن بولۇپ، ھاماسنىڭ يەنە 50 كە يېقىن ئىسرائىلىيە ئەسكىرىنى ئەسىرگە ئالغانلىقى ۋە بۇ سانىنىڭ تېخىمۇ ئاشىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

نۆۋەتتە ھاماس قىسىملىرى غەززە بىلەن چېگراداش بولغان غىلافۇ غەززە چېگراسىنى بۆسۈپ ئۆتكەن بولۇپ، نۇرغۇن جايلارنى كونترول قىلىپ بولغان.

ئىسرائىلىيە تاراتقۇلىرى نېتانياھۇ ھۆكۈمىتىنى ئەيىبلەپ، ئىسرائىلىيە ئىستىخبارات ئورگىنىنىڭ ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىنى، بۇنىڭدەك كەڭ كۆلەملىك ھەرىكەتتىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز قالغانلىقىنى، شۇنداقلا ئىسرائىلىيە يىللاردىن بۇيان ماختىنىپ كەلگەن «تۆمۈر گۈمبەز» راكېتامىيوت قالقان سىستېمىسىنىڭمۇ كارغا كەلمەي قالغانلىقىنى، غەززەدىن ئېتىلغان نۇرغۇن راكېتامىيوتلارنىڭ نۇرغۇن جايلارغا ئېغىر زەربە بەرگەنلىكىنى بىلدۈرۈشمەكتە.

نۆۋەتتە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئاۋىياتسىيە شىركەتلىرى ئىسرائىلىيەگە بارىدىغان ئۇچۇشلىرىنى توختاتقانلىقىنى ئېلان قىلدى.



# ئىسرائىلىيە-پەلەستىن ئۇرۇشى شىددەت بىلەن داۋام قىلماقتا

ھاماسنىڭ ھەربىي قىسمى بولغان ئىززىددىن ئەلقاسسام بىرىگادىسى ئىسرائىلىيەگە قارشى «ئەقسا كەلكۈنى» ھەرىكىتى قوزغىغاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپتىكى توقۇنۇش ئەۋجىگە چىقماقتا. ئىسرائىلىيە ئارمىيەسى بىر كېچىدە غەززە رايونىغا 500 دىن ئارتۇق ھاۋا ھۇجۇمى قىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. 493 پەلەستىنلىك ئىسرائىلىيەنىڭ غەززەگە قىلغان ھۇجۇمىدا، 800 ئىسرائىلىيەلىك ھاماسنىڭ ھۇجۇمىدا ھاياتىدىن ئايرىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە 100 دىن كۆپ ئەسكەرنىڭ بارلىقى ۋە نۇرغۇن ئىسرائىلىيە ئەسكىرىنىڭ ئەسىرگە ئېلىنغانلىقى بىلدۈرۈلدى.

ئىسرائىلىيە ئارمىيەسى 7-ئۆكتەبىردىن باشلاپ قامال قىلىنغان غەززە رايونىغا ھاۋا ھۇجۇمىدا 1000 توننىدىن ئارتۇق پارتلاتقۇچ دورا ئىشلەتكەنلىكىنى ئېلان قىلغان بولۇپ، ئارمىيە ئېلان قىلغان يازما باياناتتا، 8-ئۆكتەبىر كەچتىن باشلاپ غەززە رايونىدا ھەر بىرىگە ئونلىغان كۈرەشچى ئايروپىلان قاتناشقان تۆت قېتىملىق ھاۋا ھۇجۇمى ئېلىپ بارغانلىقى، 800 دىن ئارتۇق نىشانغا

ھۇجۇم قىلغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

بۇنى پۇرسەت بىلگەن خىتاي رېجىمى ئىسلام دۇنياسىغا چىرايلىق كۆرۈنۈش ئۈچۈن دەرھال باياناتى ئېلان قىلىپ، ئىسرائىلىيە ۋە پەلەستىن زېمىنىدا يۇقىرالارنىڭ تالاپەتكە ئۇچرىشىنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ۋە بۇ ئەھۋالنى ئەيىبلەيدىغانلىقىنى، توقۇنۇشنى تۈگىتىشنىڭ توغرا يولىنىڭ ئىككى دۆلەتلىك ھەل قىلىش چارىسىنى يولغا قويۇش ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

ئىسرائىلىيە ئارمىيەسى باياناتچىسى غەززە رايونىدىن ئەتراپتىكى ئىسرائىلىيە ئولتۇراق رايونلىرىغا سىڭىپ كىرگەن پەلەستىن قوراللىق گۇرۇپپىلىرى بىلەن توقۇنۇشنىڭ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى دەلىللىگەن بولۇپ، باياناتتا ئىسرائىلىيە بىخەتەرلىك قىسىملىرىنىڭ غەززە رايونىدىن نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بېئېر بازىرىدا كېچىچە 90-70 ئەتراپىدىكى قوراللىق ئۇنسۇرلار بىلەن توقۇنۇشقانلىقى ۋە توقۇنۇشلارنىڭ داۋام قىلىۋاتقانلىقى ئەسكەرتىلدى.

باياناتچى يەنە 7-ئۆكتەبىردىن بۇيان غەززە رايونىدىن مىڭغا يېقىن قوراللىق پەلەستىنلىكنىڭ ئوخشىمىغان 80 نۇقتىدىن ئىسرائىلىيەدىكى 20 ئولتۇراق رايون ۋە 11 ھەربىي بازىغا كىرگەنلىكىنى بىلدۈردى ۋە ئىسرائىلىيە بىخەتەرلىك قىسىملىرىنىڭ غەززە رايونى ئەتراپىدىكى ئوخشىمىغان يەتتە نۇقتىدا پەلەستىن قوراللىق گۇرۇپپىلىرى بىلەن توقۇنۇشقانلىقىنى بايان قىلدى.

ئۇندىن باشقا غەززەنىڭ غەربىدىكى يەرمۇك مەسچىتى ئىسرائىلىيە ئۇرۇش ئايروپىلانلىرىنىڭ ھاۋا ھۇجۇمىدا ۋەيران بولغان بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن ھاۋا ھۇجۇمىدا ۋەيران قىلىنغان مەسچىتلەرنىڭ سانى تۆتكە يەتكەن. ئىسرائىلىيە تۈنۈگۈن ئەل ئەمىن مۇھەممەد، ئەھمەد ياسىن ۋە مۇھەممەد ئەل ھەبىب مەسچىتلىرىگە ھۇجۇم قىلغانىدى.

ب د ت ئىنسانپەرۋەرلىك ئىشلىرىنى ماسلاشتۇرۇش ئورگىنىنىڭ پەلەستىن ئىشخانىسى باياناتى ئېلان قىلىپ، پەلەستىن بىلەن ئىسرائىلىيەنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك توقۇنۇشى سەۋەبلىك، غەززە رايونىدىكى ئاز دېگەندە 17 مىڭ 500 ئائىلىدىكى 120 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنىڭ سەرگەردان بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى.



ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىقى خىتاينىڭ يەنە 42 شىركىتىنى ئېكسپورتنى كونترول قىلىش تىزىملىكىگە كىرگۈزدى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىقى 6-ئۆكتەبىر ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئېكسپورتنى كونترول قىلىش تىزىملىكىگە خىتاينىڭ يەنە 42 شىركىتىنى كىرگۈزگەن بولۇپ، بۇ شىركەتلەر رۇسىيە ھەربىي ۋە مۇداپىئە سانائەت بازىسىنى قوللاش بىلەن ئەيىبلەنگەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە فىنلاندىيە، گېرمانىيە، ھىندىستان، تۈركىيە، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ۋە ئەنگلىيەدىكى يەتتە ئورۇننىمۇ ئېكسپورتنى كونترول قىلىش تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن.

ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىقى سانائەت ۋە بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ ھۆججىتىدە قەيت قىلىنىشىچە، قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن بۇ ئورۇنلار ئامېرىكىدا ئىشلەپچىقىرىلغان توپلاشتۇرۇلغان توك يولىنى رۇسىيەنىڭ ھەربىي ۋە ياكى مۇداپىئە سانائىتى ئۈچۈن تەمىنلىگەن، دەپ قارالغان.

ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىقى باياناتىدا:

«بۈگۈن قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈش ھەققىدە ئېنىق ئۇچۇر بېرىلدى. ئەگەر سىز رۇسىيە مۇداپىئە ساھەسىنى ئامېرىكىدىن كەلگەن تېخنىكا بىلەن تەمىنلەيدىكەنسىز، بىز ئۇنى چوقۇم بىلىمىز ۋە تەدبىر قوللىنىمىز» دېگەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، ۋاشىنگتون يەنە مەلۇم بىر شىركەتنى ئامېرىكىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكى ياكى تاشقى سىياسىتىگە تەھدىت دەپ قارىغان بولۇپ، بۇ شىركەتمۇ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ قارا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن. تەمىنلىگۈچى شىركەتلەر قارا تىزىملىكتىكى ئورۇنلارغا مال سېتىشتىن بۇرۇن چوقۇم ئىجازەتنامە ئېلىشى كېرەك ئىكەن.

بۇ يىل 9-ئاينىڭ ئاخىرىدا ئامېرىكا سودا مىنىستىرلىقى ئېكسپورتنى كونترول قىلىدىغان ئورۇن تىزىملىكىگە خىتاينىڭ بىر قىسىم شىركەت، ئورگانلىرىنىڭ كىرگۈزگەنلىكىنى ئېلان قىلغانىدى. بۇنىڭغا قارىتا خىتاي سودا مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى 27-سېنتەبىر بايانات ئېلان قىلىپ، نارازىلىق بىلدۈرگەنىدى.



قىرغىزىستان تاراتقۇلىرىنىڭ خەۋەرلىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، قىرغىزىستان پېرۋومايىسكىي رايونلۇق سوت مەھكىمىسى 9-ئۆكتەبىر بىشكەكتىكى مەدىنە بازىرىنىڭ خوجايىنى، تونۇلغان ئۇيغۇر سودىگەر تۇرسۇنتاي سەلىموفنى قىرغىزىستان جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 261-ماددىسىدىكى «تەشكىللىك گۇرۇھ قۇرۇش ياكى ئۇنىڭغا قاتنىشىش» گۇمانى بىلەن نەزەربەند قىلغان بولۇپ، 9-دېكابىردىكى سوتقىچە تۇتۇپ تۇرۇلىدىغانلىقى بىلدۈرۈلدى.

تۇرسۇنتاي سەلىموف 7-ئۆكتەبىر كەچتە قولغا ئېلىنغان بولۇپ، دەسلەپكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ تۇتۇپ تۇرۇلۇشى 4-ئۆكتەبىر ئۆلتۈرۈلگەن كامچا كولبايوف بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارالغان. تۇرسۇنتاي ئۆزىنىڭ جىنايەت بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوقلۇقىنى، ئۆزىنىڭ كولبايوفنىڭ قوشنىسى بولغانلىقى ئۈچۈنلا گۇمان بىلەن قولغا ئېلىنغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

تۇرسۇنتاينىڭ ئادۋوكاتى مۇخبىرغا سەلىموفنىڭ يۇقىرى قان بېسىم كېسىلى بارلىقىنى، ئۇنىڭ 67 ياش ئىكەنلىكىنى، مۇشۇنداق بولۇشىغا قارىماي سوتنىڭ ئۇنى نەزەربەند قىلغانلىقىنى، سوت جەريانىدىمۇ ئۇنىڭ جىنايەت بىلەن ھەرقانداق باغلىنىشى بارلىقى دەلىللەنمىگەنلىكى، پەقەتلا كامچا كولبايوفنىڭ قوشنىسى بولغانلىقى ئۈچۈنلا گۇمان بىلەن تۇتۇپ تۇرۇش قارار قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، يېقىندا سوتنىڭ قارارىغا نارازىلىق ئەرزى سۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

مەدىنە بازىرىدىكى سودىگەرلەر قىرغىزىستان پىرېزىدېنتى سادىر جاپاروف ۋە دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى قامچىبەك تاشيوفقا تۇرسۇنتاي سالىموفنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى مۇراجىئەت قىلغان بولۇپ، بازاردىكى سودىگەرلىرى تۇرسۇنتاي سەلىموفنىڭ مىڭلىغان خىزمەت پۇرسىتى يارىتىپ، نۇرغۇن قىرغىزىستان خەلقىنى كەڭ قورساقلىق بىلەن ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ياردەم بىلەن تەمىنلىگەن كىشى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھېچقانداق جىنايى گۇرۇھ بىلەن باغلىنىشلىق ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈشكەن.

نۆۋەتتە مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار بۇ ھادىسىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە بۇنىڭ ئارقىسىدا خىتاينىڭ قولى بولۇش ئېھتىماللىقى بارلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە. تۇرسۇنتاي سەلىموف بۇ يىل مارت ئېيىدا قىرغىزىستان ئۇيغۇرلىرى «ئىتتىپاق» جەمئىيىتىنىڭ يېڭى رەئىسى بولۇپ سايلانغانىدى.



10-ئۆكتەبىر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئومۇمىي يىغىنىدا 47 ئەزا دۆلەتتىن تەشكىل تاپقان ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ 15 ئەزاسى قايتا سايلاپ چىقىلغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقان خىتاي يەنە بىر قېتىم كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ ئەزاسى بولدى.

10-ئۆكتەبىر ئۆتكۈزۈلگەن بېلەت تاشلاشتا ئاسىيا-تىنچ ئوكيان دۆلەتلىرى گۇرۇپپىسىدا تۆت ئورۇن بوش بولۇپ، خىتاي تۆت نامزاتنىڭ بىرى بولغاچقا، يەنە بىر قېتىم ئەزالىقتا ئاسانلا سايلانغان. ئەمما بۇ گۇرۇپپىدىكى كۇۋەيت، ھىندونېزىيە ۋە ياپونىيەگە قارىغاندا ئەڭ ئاز ئاۋازغا ئېرىشكەن.

مەزكۇر سايلام يېپىق ھالەتتە ئۆتكۈزۈلىدىغان بولۇپ، كەم دېگەندە 97 بېلەتكە ئېرىشكەن دۆلەتلەر كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى ئەزاسى سالاھىيىتىگە ئېرىشىدىكەن. بۇ قائىدىگە ئاساسەن، ئالبانىيە، بىرازىلىيە، بۇلغارىيە، بۇرۇندى، خىتاي، دومىنىكا جۇمھۇرىيىتى، كۇبا، فىرانسىيە، گانا، ھىندونېزىيە، ياپونىيە، كۇۋەيت، مالاۋى ۋە گوللاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئىكەن. مەزكۇر دۆلەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدىكى ئەزالىق مۇددىتى ئۈچ يىل بولۇپ، 2024-يىلى 1-يانۋاردىن باشلىنىدىكەن.

شەرقىي تۈركىستاندا ھازىرغا قەدەر ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان خىتاينىڭ ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئورگىنىغا قايتىدىن ئەزا بولۇشى كۈچلۈك نارازىلىق قوزغىغان بولۇپ، بېلەت تاشلاشتىن ئىلگىرى ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 80 دىن ئارتۇق تەشكىلات ب د ت نى خىتاينىڭ ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئورگىنىدا ۋەزىپە ئۆتەشنى چەكلەشكە چاقىرغانىدى.

ئورتاق باياناتتا: «ئىمزا قويغان كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى خىتاينىڭ ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى ئەزالىقىغا قايتا سايلىنىشىغا قارشى تۇرىمىز. بىز كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى ۋە ب د ت ئومۇمىي يىغىنىدىكى ئەزا دۆلەتلەرنى خىتايغا بېلەت تاشلىماسلىققا ۋە بوش ئورۇن قالدۇرماسلىققا چاقىرىمىز. چۈنكى خىتاينىڭ ب د ت نىڭ دۇنيادىكى كىشىلىك ھوقۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە قوغداشقا مەسئۇل ئەڭ ئالىي ئورگىنىدا ۋەزىپە ئۆتەش سالاھىيىتى يوق» دېيىلگەنىدى.



تۈركىيەنىڭ سۈرىيەنىڭ شىمالىدا ئېجرا قىلىۋاتقان ھاۋادىن زەربە بېرىش ھەرىكەتلىرىدە باش ئىشتاب، پاناھلىنىش ئورنى ۋە ئامبارلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئونلىغان جايلار بىتچىت قىلىنغان ۋە نۇرغۇن تېرروررچى يوقىتىپ تاشلانغان بولۇپ، خىتاي بۇنىڭغا قارشى بىلجىرلىدى.

تۈركىيە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى باياۇات ئېلان قىلىپ، پ ك ك / ي پ گ ۋە باشقا تېرروررلۇق ئۇنسۇرلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق سۈرىيەنىڭ شىمالىدىن پايدىلىنىپ، خەلق ۋە بىخەتەرلىك قىسىملىرىغا قارشى تېرروررلۇق ھۇجۇمى سادىر قىلىش پۇرسەتلىرىنى يوقىتىپ، تۈركىيەنىڭ چېگرا بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسىنىڭ 51-ماددىسىدا كۆرسىتىلگەن يوللۇق قوغدىنىش ھوقۇقىغا ئاساسەن، تېرروررچىلارنىڭ سۈرىيەنىڭ شىمالىدىكى بازىلىرىغا ھاۋادىن زەربە بېرىلگەنلىكىنى ئۇقتۇرغانىدى.

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى باياناتچىسى ماۋ نىڭ تۈركىيەنىڭ قانۇنلۇق ھاۋا ھەرىكەتلىرىگە قارىتا: «خىتاي خەلقئارا جەمئىيەتتە كۈچ ئىشلىتىشكە قارشى تۇرىدۇ. تەرەپلەر سۈرىيەنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشى كېرەك» دەپ بىلجىرلىدى ۋە خىتاي بىلەن ئىراق ئوتتۇرىسىدا ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق بارلىقىنى، بۇ مۇناسىۋەتنىڭ ئۆتكەن يىللاردا تېخىمۇ يېقىنلاشقانلىقىنى بىلدۈردى.

پ ك ك ۋە ي پ گ غا يېقىنلىقى بىلەن تونۇلغان بىر تاراتقۇنىڭ مۇخبىرى ماۋ نىڭدىن تۈركىيەنىڭ سۈرىيەنىڭ شەرقىدىكى دېموكراتىك سۈرىيە ئارمىيەسى كونتروللۇقىدىكى رايونلاردا (مەزكۇر تېرروررلۇق تەشكىلاتلىرى توپلاشقان يەرلەر) ھەرىكەت ئېلىپ بارماقتا، ھەرىكەتلەر 6-كۈنىگە قەدەم قويىدى، خىتاينىڭ بۇ مەسىلىدىكى مەيدانى قانداق؟» دەپ سوئال سورىغان بولۇپ، ماۋ نىڭ يەنىلا ھېلىقىگەرلىك بىلەن: «خىتاي خەلقئارا جەمئىيەتتە كۈچ ئىشلىتىشكە ئىزچىل قارشى تۇرۇپ كەلدى. تەرەپلەر سۈرىيەنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشى كېرەك» دېيىش بىلەنلا كۇپايىلەندى.

خىتاي رېجىمى ھازىرغىچە تۈركىيە ۋە باشقا كۆپلىگەن دۆلەتلەر تەرىپىدىن تېرروررلۇق تەشكىلاتى دەپ تىزىمغا ئېلىنغان پ ك ك، ي پ گ قاتارلىقلارنى تېرروررلۇق تەشكىلاتى دەپ ئېتىراپ قىلماي كەلمەكتە.




# پاكىستاندىكى ئۇيغۇرلار ئەندىشە ئىچىدە تۇرماقتا

پاكىستان ھۆكۈمىتى تاراتقۇلاردا بايانات ئېلان قىلىپ، دۆلەتتىكى قانۇنسىز كۆچمەنلەرنى كەڭ كۆلەمدە بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى ۋە كېلەر ئايدىن باشلاپ قانۇنسىز كۆچمەنلەرنى چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىشنى باشلايدىغانلىقىنى، بۇ ھەرىكەتنىڭ پاكىستان چېگراسى ئىچىدە پاناھلىنىۋاتقان 1 مىليون 700 مىڭ ئافغان مۇساپىرلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇردى.

بىرلەشمە ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، پاكىستان ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى سارفىراز بۇگتى 3-ئۆكتەبىردىكى باياناتىدا: «بىز ئۇلارغا ئاخىرقى مۆھلەتنى 1-نويابىرغىچە دەپ بېكىتتىپ بەردۇق، چۈنكى بۇ يىل پاكىستاندا يۈز بەرگەن 24 قېتىملىق ئۆزىنى قوشۇپ پارتلىتىش ۋەقەسىنىڭ 14 قېتىملىقى ئافغانىستان مۇساپىرلىرى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان» دېگەن.

پاكىستاندىكى ئوردۇ خەۋەر ئاگېنتلىقىنىڭ بۇ ھەقتىكى تېلېۋىزىيە خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، پاكىستاننىڭ ۋاقىتلىق ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى سارفىراز بۇگتى مۇخبىرلارغا قىلغان سۆزىدە: «پاكىستاندا قانۇنلۇق تۇرۇش گۇۋاھنامىسى يوق كۆچمەنلەرنىڭ 11-ئاينىڭ 1-كۈنىگىچە ئايرىلىشى شەرت. بۇ مۆھلەتتىن كېيىن قالغانلار چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ. بۇ ھەرىكەت پەقەتلا ئافغانىستانلىق مۇساپىرلارنىلا نىشان قىلغان ئەمەس. پاكىستاندىكى قانۇنسىز كۆچمەنلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئافغانىستانلىق مۇساپىرلار تەشكىل قىلىسىمۇ، ئەمما بۇ ھەرىكەت بارلىق كۆچمەنلەرگە ئورتاق قارىتىلغان» دېگەن.

پاكىستاننىڭ راۋالپىندى شەھىرىدىكى ئۆمەر ئۇيغۇر ۋەقفىنىڭ مەسئۇلى ئۆمەر ئەپەندىنىڭ ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىغا بىلدۈرۈشىچە، يىللار ئىلگىرى ئافغانىستاندىن قېچىپ كېلىپ، پاكىستاننىڭ راۋالپىندى شەھىرىگە يەرلىشىپ ياشاۋاتقان 20 گە يېقىن ئۇيغۇر ئائىلىسى بار بولۇپ،

پاكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قېتىملىق قانۇنسىز كۆچمەنلەرگە زەربە بېرىش ھەرىكىتىنى ئېلان قىلىشى يالغۇز پاكىستاندىكى تەخمىنەن 1 مىليون 700 مىڭ ئافغانىستانلىق مۇساپىرلارغىلا ئاگاھلاندۇرۇش بولۇپ قالماستىن، بەلكى ھېچقانداق پاسپورت ياكى ئىقامەتى يوق ھالدا پاكىستاندا ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر مۇساپىرلارغىمۇ بىر سىگنال ئىكەن، شۇڭا بۇ خەۋەر راۋالپىندىدىكى ئۇيغۇرلارنىمۇ قاتتىق ئەندىشىگە سالماقتىكەن.

ئۆمەر ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ پاكىستاندا قانۇنلۇق تۇرۇش رەسمىيىتى بولمىغاندىن سىرت، ئۇلارنىڭ قولىدا ياكى ئافغانىستان ۋە ياكى خىتاينىڭ پاسپورتى يوق ئىكەن. ئۇلار يېقىنقى بىر قانچە يىللاردىن بۇيان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ پاكىستاندا تۇرۇشلۇق مۇساپىرلار ئىشخانىسىدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغىچە ھېچقانداق نەتىجە چىقمىغان. ئۆمەر ئەپەندى ئۆزىنىڭ بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقىۋىتىدىن قاتتىق ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى بايان قىلدى.

ئۆمەر ئەپەندىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، پاكىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى 1960-يىللاردا خىتاينىڭ باستۇرۇشلىرى سەۋەبلىك قەشقەر ۋە يەكەن قاتارلىق جايلاردىن ئافغانىستانغا كېلىپ پاناھلانغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەن. 1980-يىللاردا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى ئافغانىستانغا كەڭ كۆلەملىك تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىغاندا، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى ئافغانىستاندىن قاچقان مىليونلىغان مۇساپىرلار بىلەن بىرلىكتە پاكىستانغا كۆچمەن بولۇپ كېلىپ قالغانىكەن.

ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى مۇخبىرى پاكىستاننىڭ ۋاشىنگتوندا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسى بىلەن بۇ ھەقتە ئالاقىلەشكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار تېلېفون ياكى ئېلخەت ئارقىلىق سورىغان سوئاللارغا جاۋاب قايتۇرمىغان.

نۆۋەتتە ئۇيغۇرلار «ئەگەر بىز ئافغانىستانغا كېتىشنى خالىمىساق، پاكىستان ھۆكۈمىتى بىزنى خىتايغا قايتۇرىدۇ» دېگەن ئەندىشە ئىچىدە بولۇپ، بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرگەن ئابدۇلئەھەد ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر بۇنىڭدىن 10 يىل ئاۋۋال راۋالپىندىدىكى «خىتاي مۇھاجىرلار جەمئىيىتى»نىڭ ۋاسىتىسى بىلەن خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ راۋالپىندىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنى تىزىملاپ، ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەيېرىدىن، قاچان، قانداق سەۋەبلەر بىلەن كەلگەنلىكى، ئىسىم-فامىلىسى، جان سانى ۋە ئۆي ئادرېسلىرىنى تىزىملاپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسىدە ئىلگىرى بۇ توغرۇلۇق ئۆمەر ئۇيغۇر ئەپەندى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇ پاكىستاندىكى خىتايپەرەس جەمئىيەتنىڭ خىتايغا ماسلاشقان ھالدا ھەرخىل پائالىيەتلەرنى كۆچەيتىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.

پاكىستان دائىرىلىرىنىڭ بۇ ئىقامەتسىز ئۇيغۇرلارنى «قانۇنسىز كۆچمەن» قاتارىدا پاكىستان چېگراسىدىن قوغلاپ چىقىرىشى ئېنىق بولسىمۇ، ئەمما ھېچقانداق بىر دۆلەتنىڭ پاسپورتى ياكى كىملىك گۇۋاھنامىسى بولمىغان بۇ ئۇيغۇرلارنى قانداق تەرىقىدە ۋە قەيەرگە قوغلايدىغانلىقى ھازىرچە ئېنىق ئەمەس ئىكەن. نۆۋەتتە ئۇيغۇرلاردىن 20 دىن كۆپ ئائىلە، 100 ئەتراپىدا كىشى بار بولۇپ، ئۇلار: «پاكىستاندىن قوغلانساق، بارار جايىمىز يوق» دېيىشمەكتىكەن.



# دوكلات: ئامېرىكا بىرلا ۋاقىتتا خىتاي ۋە رۇسىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلىنىشى كېرەك

ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ھالەت كومىتېتى دوكلات ئېلان قىلىپ، ئامېرىكىنىڭ چوقۇم خىتاي ۋە رۇسىيە بىلەن بىرلا ۋاقىتتا جەڭ قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

ياپونىيە ۋاقىت گېزىتىنىڭ 13-ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا پارلامېنتى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ئىككى پارتىيە كومىتېتى ئىستراتېگىيەلىك ھالەت كومىتېتى يېقىندا بىر دوكلات ئېلان قىلغان بولۇپ، دوكلاتتا ئامېرىكىنىڭ رۇسىيە ۋە خىتاي بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ئۇرۇش قىلىش ئېھتىماللىقىغا تەييارلىق قىلىشى كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

دوكلاتتا يەنە ئامېرىكىنىڭ ئادەتتىكى ھەربىي ئىقتىدارىنى كېڭەيتىش ۋە كۈلەملەشتۈرۈش، ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىش ۋە يادرو قوراللىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش پىروگراممىلىرىنى كۈچەيتىشنى تەۋسىيە قىلىنغان.

ئىستراتېگىيەلىك ھالەت كومىتېتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا ئۆزلىرى ئىگىلىگەن ئىستىخبارات دوكلاتىدا خىتاي بىلەن رۇسىيەنىڭ يادرو قوراللىرى مەسىلىسىدە ھەمكارلىق ئو ر نا تقا ن - ئو ر نا تمغا نلىقىنى تىلغا ئالمىغان.



# تۈركىيە پارلامېنتىدا ئۇيغۇرلار مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى

12-ئۆكتەبىر تۈركىيە پارلامېنتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىدا نۆۋەتتە ئۇيغۇرلار دۇچار بولۇۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى مۇزاكىرە قىلىنغان بولۇپ، ئىيى پارتىيەسى پارلامېنت ئەزاسى سەلچۇق تۈركئوغلى 13-ئۆكتەبىر ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىسى «X»تا ئۇچۇر يوللاپ، مەزكۇر يىغىندا قىلغان سۆزى ھەققىدە مەلۇمات بەردى.

ئۇ سۆزىدە: «مەن ئۇيغۇرلار توغرىسىدا مەخسۇس تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ لايىھەسى سۇنغانىدىم. لېكىن بۇ ‹ئىسلام دۈشمەنلىكى ۋە ئىرقچىلىققا قارشى تۇرۇش كومىتېتى›نىڭ خىزمەت دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن بولغاچقا، شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى توغرىسىدا مەخسۇس بىر كومىتېت قۇرۇلمىغان. شۇڭا بۇ كومىتېت شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى تەكشۈرۈشى كېرەك. تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىللىرى ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، قوشنىلىرى ۋە ئاتا-ئانىلىرى شەرقىي تۈركىستاندا قالغان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز بار. شۇڭا ئالدىمىزدىكى يىغىنىمىزدا ئاممىۋى تەشكىلات مەسئۇللىرى ۋە جازا لاگېرى شاھىتلىرىنىڭ تەكلىپ قىلىنىپ، گۇۋاھلىق بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىمەن» دېگەن.

تۈركىيە پارلامېنتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى ھازىر ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان ئادالەت ۋە تەرەققىيات پارتىيەسىدىن 12 نەپەر، جۇمھۇرىيەت خەلق پارتىيەسىدىن 6 نەپەر، يېشىل سول پارتىيەسىدىن 3 نەپەر، مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيەسىدىن 2 نەپەر، ئىيى پارتىيەسىدىن 2 نەپەر، مۇستەقىل پارلامېنت ئەزاسىدىن 2 نەپەر بولۇپ، جەمئىي 27 نەپەر پارلامېنت ئەزاسىدىن تەركىب تاپقان. مەزكۇر كومىتېت تۈركىيە ئىچى-سىرتىدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى تەكشۈرۈپ، بۇ ھەقتە دوكلات تەييارلاپ ھۆكۈمەتكە سۇنىدۇ.



# تارقالغان سىنلار خىتاينىڭ خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلىدى

ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا تارقالغان سىنلار خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايى قىلمىشلىرىنىڭ ئوخشاش دەرىجىدە داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداۋاتقانلىقىنى ئېنىق ئاشكارىلىدى.

لاگېر شاھىتى زۇمرەت خانىم 14-ئۆكتەبىر ھەمبەھىرلىگەن بىر سىندا كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندا نەچچە يىلدىن بېرى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ دىنىي ئېتىقادى، مىللىي ئۆرپ-ئادىتىنى چەكلەش، دىنىي قائىدە-يوسۇن ۋە مىللىي ئۆرپ-ئادىتى بىلەن ياشاشنى خالايدىغان كىشىلەرنى «قالاق، كونىلىق تەرەپدارلىرى» دېگەن سۆزلەر بىلەن كەمسىتىش، باستۇرۇش قاتارلىق جىنايەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلغان.

سىندىكى ئايالنىڭ بىلدۈرۈشىچە، خىتاي رېجىمى ئۇيغۇرلارنىڭ تاماق يېگەندە داستىخان سېلىشىنى چەكلىگەن بولۇپ، مەيلى ئۈستەلدە تاماق يېسۇن، ياكى گىلەمدە ئولتۇرۇپ تاماق يېسۇن، داستىخان سېلىپ تاماق يېيىشكە چەكلىمە قويغان. مەزكۇر ئايالنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، خىتاي رېجىمى ئۆيدىكى داستىخانلارنى يىغىۋالغان بولۇپ، نۆۋەتتە ئۆيلەردىن داستىخان تاپقىلى بولمايدىكەن.

سىندا ئاشكارىلىنىشىچە، خىتاي دېھقان ئايالLARنىڭ ئېتىزلاردىمۇ بېشىغا ياغلىق چىگىشىنى چەكلىگەن بولۇپ، ياغلىق چەككەن ئايالLARنى «بېشىغا

پايتىما چەگدى» دەپ كەمسىتكەن.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى، جۈملىدىن ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى باستۇرۇش سىياسىتى سەۋەبلىك خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئەيىبلىشى ۋە جازالىشىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، بىراق جىنايەتلىرىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ھەرخىل رەزىل ۋاستىلەر، باھانىلەر ئارقىلىق جىنايى قىلمىشلىرىنى يوللۇق كۆرسىتىشكە تىرىشىۋاتقانلىقىنى، شۇنداقلا «ئىسلام دىنىنى خىتايلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش» سەپسەتىسىنى ئىزچىل تەكىتلەپ، دىنىي قائىدە-يوسۇن، مىللىي ئۆرپ-ئادەتلەرنى ھەرخىلناملار بىلەن كەمسىتىپ چەكلەشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.



# خىتاي بۇ يىل ئون مىليون توننا كۆمۈرنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى

خىتاي ئېنېرگىيە گورۇھىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تارمىقى بۇ يىل 10 مىليون توننىدىن ئارتۇق كۆمۈرنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ، خىتاي ئۆلكىلىرىگە توشۇپ كەتكەن.

خىتاي رېجىمى ئىشغالىيەتتىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاننىڭ تۈرلۈك بايلىقلىرىنى خىتاي ئۆلكىلىرىگە بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، قېزىش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە توشۇش ئۇسۇللىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، تالان-تاراج قىلىشنىڭ شەكلى ۋە كۆلىمۇ يىلدىن-يىلغا ئاشماقتا.

تەڭرىتاغ تورىنىڭ 11-ئۆكتەبىردىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي ئېنېرگىيە گورۇھىنىڭ ئاتالمىش «شىنجاڭ» شىركىتى شەرقىي تۈركىستاندىن قېزىلغان كۆمۈرلەرنى يىللاردىكىدەك بۇلاڭ-تالاڭ قىلغىنىدەك،

بۇ يىلمۇ سىچۇەن، چېڭخەي، گەنسۇ، نىڭشىيا، چۇڭچىڭ، خۇبېي، خۇنەن قاتارلىق 14 خىتاي ئۆلكىسىگە توشۇغان بولۇپ، مىقدارى 10 مىليون 40 مىڭ توننىغا يەتكەن. مەزكۇر گۇرۇھ خىتاي ئۆلكىلىرىنى قىشلىق توك ئىشلىتىش يۇقىرى پەللە مەزگىلىدىن ئۆتۈشكە ئىشلىتىدىغان توك ئىشلەپچىقىرىشقا كېرەكلىك كۆمۈر بىلەن تەمىنلىگەن.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ ئېلىپ كېتىۋاتقان بارلىق يەر ئاستى ۋە ئۈستى بايلىقلىرىغا ئائىت ئېلان قىلغان سانلىق مەلۇماتلارنىڭ ئىشەنچسىز ئىكەنلىكىنى، ئەمەلىيەتتە بۇلاڭ-تالاڭ قىلىۋاتقان بايلىقلارنىڭ ئېلان قىلىنغان ساندىن نەچچە ئون ھەسسە يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايلىقى خىتايغا توشۇلغاندىن باشقا، چەت ئەللەرگىمۇ سېتىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.



# يېڭى دوكلات بېلىقچىلىق ساھەسىدىمۇ ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئاشكارىلىدى

ئۇزۇن يىللىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئېلان قىلىنغان ئەڭ يېڭى دوكلات بېلىقچىلىق كەسپىدىمۇ كەڭ كۆلەملىك ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىدى.

پايدا ئالمايدىغان ئاخبارات ئورگىنى «قانۇنسىز ئوكيان پروجېكتى» تۆت يىللىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق خىتاي رېجىمىنىڭ كونتروللۇقىدىكى بېلىقچىلىق كەسپىدە ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ كەڭ كۆلەمدە مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىغان. بۇ تەكشۈرۈش دوكلاتىنىڭ مەزمۇنى خىتاينىڭ يىراق ئوكياندىكى دېڭىز-ئوكيان بېلىقچىلىق فىلوتىدا مەجبۇرىي تۇتۇپ تۇرۇلغان كىشىلەرگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، خىتاي بۇ پاراخوت ئەترىتىدىكى ئىشچىلارنى قورقۇنچلۇق شارائىتتا بىر نەچچە ئاي دېڭىزدا تۇتۇپ تۇرىدىكەن. بۇ جەرياندا ئىشچىلار يولۇققان ئەجەللىك خەتەرگىمۇ سەل قارىلىدىكەن.

مەزكۇر تەتقىقات دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي ئۆلكىلىرىدىكى دېڭىز مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئورۇنلىرىدا ئۇيغۇرلار مەجبۇرىي ئەمگەككە

كەڭ كۆلەمدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

تەكشۈرۈش دوكلاتىدا يېقىنقى يىللاردىن بېرى خىتاينىڭ مەجبۇرىي ئەمگەك كۆلىمىنى شەرقىي تۈركىستاندىكى پاختا (دۇنيا ئېھتىياجىنىڭ 20% نى تەمىنلەيدۇ)، پەمىدۇر ۋە قۇياش ئېنېرگىيە باتارىيەسىدە ئىشلىتىلىدىغان كۆپ كىرىستاللىق كىرېمنىيدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ كەسىپكە مەركەزلەشتۈرگەنلىكىنى، ئۇندىن باشقا ئاپتوموبىل ۋە ئالىيۇمىن سانائىتىدىمۇ مەجبۇرىي ئەمگەكنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئىسپاتلانغانلىقىنى، خىتاينىڭ بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىرتىدىكى مەجبۇرىي ئەمگەك تۈرلىرىگە تەقسىم قىلغانلىقىنى، بۇنىڭدىكى رەزىل مەقسىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئۆز مەدەنىيىتىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، خىتايغا ئوخشاش ياشاش ئادىتىگە كۆندۈرۈش ئىكەنلىكىنى، ئەمما خىتاينىڭ بۇ جىنايەتلىرىنىڭ تەپسىلاتلىرىنى ھازىرغىچە ھېچكىم بىلمەيدىغانلىقىنى ئاشكارىلىغان.

دوكلاتتا يەنە خىتاينىڭ بېلىقچىلىق ساھەسىدىمۇ مەجبۇرىي ئەمگەكتىن پايدىلىنىۋاتقانلىقىنى، خىتاينىڭ دېڭىز مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىمۇ مەجبۇرىي ئەمگەككە تايانغانلىقىنى، بۇ ئورۇنلاردا پىششىقلانغان دېڭىز مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپلىگەن دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلىنىدىغانلىقىنى ئاشكارىلىغان.




خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى ۋە شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى ئىسرائىلىيەنىڭ 17-ئۆكتەبىر كېچىدە غەززىدىكى ئەلمەئمەدانى دوختۇرخانىسىغا قىلغان ۋە 500 كىشىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغان ۋەھشىيلەرچە ھۇجۇمغا قارشى بايانات ئېلان قىلدى.

تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ باياناتىدا: «بىز ئىسرائىلىيە ھەربىي قىسىملىرىنىڭ 17-ئۆكتەبىر غەززەدىكى ئەل ئەھلى باپتىست دوختۇرخانىسىغا قىلغان ھۇجۇمنى قاتتىق ئەيىبلەيمىز، بۇ ھۇجۇمدا مىڭلىغان بىمارلار، دوختۇرلار، سەھىيە خادىملىرى ۋە بالىلار ھاياتىدىن ئايرىلدى. دوختۇرخانا، مەكتەپ ۋە ئىزدەش-قۇتقۇزۇش ئەترەتلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ سۇ، داۋالاش بۇيۇملىرى، يېمەكلىك ۋە

باشقا ياردەملەرنىڭ يەتكۈزۈلۈشىنى چەكلەش ئۇرۇش جىنايىتى ھېسابلىنىدۇ.

74 يىلدىن بۇيان ئىشغالىيەت، ئىرقىي قىرغىنچىلىق، تەڭپۇڭسىز كۈچ ئىشلىتىش قاتارلىق دۆلەت تېررورلۇقىغا ئۇچراپ كېلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، نۆۋەتتە يۈز بېرىۋاتقان قورقۇنچلۇق ۋەقەلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلماقتىمىز ۋە خاتالىققا قارشى ئىنسانىي پوزىتسىيەدە بولماقتىمىز. بىز بارلىق دۆلەتلەرنى، خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنى ۋە ئورگانلارنى زۆرۈر جازا يۈرگۈزۈشكە، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا ۋە ياردەم كاردورى ئېچىشقا چاقىرىق قىلىمىز» دېگەن ئىبارىلەر تىلغا ئېلىندى.

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ باياناتىدا بولسا: «شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى ئىسرائىلىيەنىڭ پەلەستىن خەلقىگە قاراتقان قىرغىنچىلىقىنى ۋە بۆلارنىڭ ئەڭ يېڭىسى بولغان غەززەدىكى ئەل مەئمەدانى دوختۇرخانىسىغا قىلىنغان ۋە كىچىك بالىلار ۋە ئاياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نەچچە يۈزلىگەن بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ شېھىت قىلىنىشىغا ۋە يۈزلىگەن كىشىلەرنىڭ يارىلىنىشىغا سەۋەب بولغان قىرغىنچىلىقنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ. بۇ شەكىسىزكى ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتتۇر ۋە پەلەستىن خەلقىگە قارىتىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىقتۇر.

ئۆلىمالار بىرلىكى ئىسرائىلىيەنىڭ پەلەستىن خەلقىگە قاراتقان جىنايى قىلمىشلىرىنى توختىتىش ئۈچۈن ئىسلام دۇنياسىنى جىددىي تەدبىر قوللىنىشقا ۋە ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە چاقىرىدۇ. شۇنداقلا ئاللاھتىن يارىلانغانلارنىڭ تېزرەك ئەسلىگە كېلىشىنى تىلەيدۇ ۋە پەلەستىن خەلقىگە بۇ ئېغىر مۇسىبەتتى ئۈچۈن تەزىيە بىلدۈرىدۇ» دېگەن ئىپادىلەر ئورۇن ئالدى.

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى تەشكىللىشى بىلەن، 16-ئۆكتەبىر خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن ئىستانبۇلنىڭ سەفاكۆي رايونىغا جايلاشقان فاتىھ جامەسىدە شەرقىي تۈركىستان ۋە پەلەستىندە ئۆلتۈرۈلگەن شېھىتلار ئۈچۈن مەخسۇس دۇئا-تىلاۋەت يىغىلىشى ئۆتكۈزۈلگەندى.



خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىجرا قىلىۋاتقان بولۇپ، بۇنىڭ نەتىجىلىرىنى كۆز-كۆز قىلماقتا ۋە كەڭ تەشۋىق قىلماقتا.

يېقىندا جېجياڭلىق بىر خىتاي ۋېلىسىپىت مىنىپ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يەكەن ناھىيەسىگە بارغان بولۇپ، بۇ جەرياندا مەكتەپتىن قايتىۋاتقان بىر نەچچە ئۇيغۇر بالىنى ئۇچراتقان. ئۇ بالىلاردىن: «سىلەر قايسى مىللەتتىن؟ تاجىكمۇ ياكى ئۇيغۇرمۇ؟» دەپ سورىغان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر ئۇيغۇر بالا دەرھال: «جۇڭخۇا مىللىتى» دەپ جاۋاب بەرگەن. خىتاي بۇ جاۋابتىن قاتتىق خۇشال بولغان ۋە بالىلارنى ماختاپ كەتكەن.

مەزكۇر سىن تىك توكنىڭ خىتايدىكى نۇسخىسى بولغان دوۋيىندا تارقالغاندىن كېيىن، بىر ئۇيغۇر ئۆسمۈرنىڭ ئۆزىنى «مەن جۇڭخۇا مىللىتى» دەپ ئاتىشى خىتايلارنى قاتتىق خۇشال قىلىۋەتكەن.

تەڭرىتاغ تورى، سىنا تورى، شۇنداقلا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باشقا كۆپلىگەن تەشۋىقات ئورگانلىرى بۇ ھەقتە مەخسۇس خەۋەر يېزىپ، ئالاھىدە تەشۋىق قىلغان.

خىتاي رېجىمى يىللاردىن بۇيان جازا لاگېرى سىياسىتىگە ماس ھالدا، ھەرقايسى شەھەر رايونلاردا «يەسلى» نامىدا بالىلار لاگېرى تەسىس قىلغان بولۇپ، بالىلار لاگېرلىرىغا ئاتالمىش «پەرۋىشلەر باغچىسى» دېگەندەك ئىسىملارنى قويۇپ، بۇ قىلمىشلىرىنى خەلقئارادىن يوشۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا. خىتاي رېجىمى ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنى ئانا تىلدا سۆزلەشنى چەكلەپ، تولۇق تىلىمۇ چىقىپ بولالمىغان نارەسىدە بالىلارنى ئائىلىسىدىن مەجبۇرىي ئايرىپ، پۈتۈنلەي خىتايچە سۆزلەشكە مەجبۇرلاپ تەربىيەلىمەكتە ۋە ئۇلارنى ئۆز تىلىدىن، مىللىي كىملىكىدىن، دىنىي ئېتىقادىدىن پۈتۈنلەي ئايرىپ، پۈتۈنلەي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشقا، بۇ خىلدىكى «يەسلىلەر»نى تېخىمۇ كۆلەملەشتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلماقتا.



18-ئۆكتەبىر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېجرا قىلىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى توغرىسىدا بىرلەشمە باياناتى ئېلان قىلىندى. شۇنداقلا تۈركىيە ۋەكىلىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى قوغداش ھەققىدە توختالدى.

بىرلەشمە باياناتقا ئەنگلىيە باشلىق 51 دۆلەت ئىمزا قويغان بولۇپ، ئەنگلىيەنىڭ ب د ت دىكى ۋەكىلى جامىس كارىيۇكى 18-ئۆكتەبىر ئۆتكۈزۈلگەن ب د ت ئومۇمىي كېڭەشنىڭ ئۈچىنچى كومىتېتىنىڭ 26-يىغىنىدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى توغرىسىدىكى مەزكۇر بىرلەشمە باياناتنى ئوقۇپ ئۆتتى.

باياناتتا ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارلىقى، مۇستەقىل ۋە نوپۇزلۇق تەتقىقاتچىلارنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ دىنىي ۋە مىللىي كىملىكىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنغانلىقى، خالىغانچە كەڭ كۆلەملىك تۇتۇپ تۇرۇش، باستۇرۇش ۋە سىستېمىلىق نازارەت قىلىش ھەققىدە ئىسپاتلارنى تاپقانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

باياناتتا يەنە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا قانۇنلۇق مەدەنىي ۋە دىنىي پائالىيەتلەرنى چەكلىگەنلىكى، جۈملىدىن دىنىي سورۇنلارنى ۋەيران قىلغانلىقى توغرىسىدىكى دوكلاتلارنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقى، خەلقنى ئورۇنسىز چەكلەش، قىيناش، ناچار مۇئامىلە قىلىش، جۈملىدىن مەجبۇرىي بالا چۈشۈرۈش ۋە مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش، ئىز-دېرەكسىز يوقىتىۋېتىش، ئائىلە ئەزالىرىنى بىر-بىرىدىن ئايرىش ۋە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش قاتارلىق جىنايى قىلمىشلارنى سادىر قىلىۋاتقانلىقى تەكىتلەندى.

باياناتتا يەنە مۇتەخەسسىسلەر ۋە ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارلىقىنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قىلمىشلىرىنى «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت شەكىللەندۈرۈشى مۇمكىن» دەپ ئاتىغانلىقى ئالاھىدە ئەسكەرتىلدى ۋە خىتايدىن شەرقىي تۈركىستاندىكى كىشىلىك ھوقۇقتا دەخلى-تەرۇز قىلىش قىلمىشىنى توختىتىشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقى بىلدۈرۈلدى.

مەزكۇر باياناتقا ئىمزا قويغان دۆلەتلەر: ئالبانىيە، ئاندوررا، ئاۋستىرالىيە، ئاۋستىرىيە، بېلگىيە، بۇلغارىيە، كانادا، كىرودىيە، چېخ، دانىيە، ئېستونىيە، ئېسۋاتىنى، فىجى، فىنلاندىيە، فىرانسىيە، گېرمانىيە، گىۋاتېمالا، ئىسلاندىيە، ئىرېلاندىيە، ئىسرائىلىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە، لاتۋىيە، لىبېرىيە، لىچتېنشتېين، لىتۋا، لىيۇكسېمبۇرگ، مولدوۋا، موناكو، قاراباغ، ناۋرۇ، گوللاندىيە، شىمالىي ماكېدونىيە، يېڭى زېلاندىيە، نورۋېگىيە، پالاۋ، پاراگۋاي، پولشا، پورتۇگالىيە، مارشال تاقىم ئارىلى، رومىنىيە، سان مارىنو، سىلوۋاكىيە، سىلوۋېنىيە، ئىسپانىيە، شىۋېتسىيە، شىۋېيتسارىيە، تۇۋالۇ، ئۇكرائىنا، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە ئىكەن.

يىغىنىدا يەنە تۈركىيە ۋەكىلى سۆز قىلىپ، تۈركىيەنىڭ ئۇكرائىنا ئۇرۇشى، پەلەستىن-ئىسرائىلىيە توقۇنۇشى قاتارلىق كۆپلىگەن خەلقئارالىق مەسىلىلەر ھەققىدىكى مەيدانىنى بايان قىلغاندىن سىرت، شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىمۇ توختالدى. ئۇ سۆزىدە خىتاينىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكى ئاساسىدا، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار ۋە

باشقا مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى ۋە ئەركىنلىكىنى قوغداشنىڭ مۇھىم مەسىلە قاتارىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى، تۈركىيەنىڭ بۇ ھەقتە داۋاملىق كۈچ چىقىرىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

شۇ كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن ب د ت ئومۇمىي كېڭىشى ئۈچىنچى كومىتېتىنىڭ 27-يىغىنىدا خىتاي ۋەكىلى رەددىيە بېرىپ، ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتارلىق «ئاز سانلىق دۆلەتلەر»نىڭ خىتايغا قارا چاپلىغانلىقى، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ خاتىرجەم، باياشات، ھەق-ھوقۇقلىرىدىن بەھرىمەن بولۇپ ياشاۋاتقانلىقى... دېگەندەك قېلىپلاشقان بايانلىرىنى تەكرارلاپ بىلجىرلىدى.




# فىرانسىيە گېزىتى: شەرقىي تۈركىستاندا قورقۇنچلۇق باستۇرۇش يەنىلا داۋاملاشماقتا

«فىرانسىيە دۇنيا گېزىتى» 24-ئۆكتەبىر شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ھەققىدە مەخسۇس تەپسىلىي خەۋەر ئېلان قىلدى.

مەزكۇر خەۋەرنى فىرانسىيە دۇنيا گېزىتىنىڭ مەخسۇس شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتكەن مۇخبىرى فرېدېرىك لېمېترې ئېلان قىلغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى قورقۇنچلۇق ۋەزىيەتنىڭ تەدرىجىي يوقىلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغانلىقىنى، ئەمما قورقۇنچلۇق باستۇرۇشنىڭ يەنىلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، ھېيتگاھ جامەسىدە ناماز ئوقۇش چەكلىنىپ، ساياھەت ئورنىغا ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى ئاشكارىلىغان.

مۇخبىر خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە: «ۋەزىيەت تىنچلاندى، ھەممە كىشى خاتىرجەم، دىنىي ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولغان ھالدا ياشىماقتا» دەپ خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلىغان بولۇپ، خەۋەردە خىتاي رېجىمىنىڭ مۇخبىرلار ۋە چەت ئەللىكلەرگە نەچچە مىليون شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى جازا لاگېرىغا قاماش، ھەر تەرەپلىمىلىك باستۇرۇش، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش، قىرغىن قىلىش

ئەھۋاللىرى يوقتەك تۇيغۇ بېرىشكە تىرىشقانلىقى، بىراق ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئىبادەت ۋە ئىش-ھەرىكەتلەرنىڭ چەكلەنگەنلىكى قەيت قىلىنغان.

خەۋەردە بىلدۈرۈلۈشىچە، مۇخبىر ئالدىنقى جۈمە قەشقەردىكى مەشھۇر ھېيتگاھ جامەسىگە كىرگەن بولۇپ، ئۇ يۈزلىگەن خىتاينىڭ توپ-توپ بولۇپ ھېيتگاھ جامەسىگە كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بولسىمۇ، ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن جامەگە كەلگەن بىرەرسىنى كۆرەلمىگەن.

مۇخبىرنىڭ ئاشكارىلىشىچە، ئۆتكەن بىر نەچچە ئاي ئىچىدە ھېيتگاھ جامەسىدە ناماز ئوقۇش، دۇئا-تىلاۋەت قىلىش توختىتىلىپ، نوقۇل ساياھەت ئورنىغا ئۆزگەرتىلگەن بولۇپ، جۈمە كۈنى جامەدە ناماز ئوقۇيدىغان ھېچكىمنى كۆرمىگەن مۇخبىر جامەنى نازارەت قىلىۋاتقان ئىككى ئەمەلداردىن: «جۈمە كۈنى نېمە ئۈچۈن جامەدە ناماز ئوقۇيدىغان كىشىلەر كۆرۈنمەيدۇ؟» دەپ سورىغان. سوئالدىن ئوڭايسىزلانغان ئىككى ئەمەلدار بۇگۈن دۇئا-تىلاۋەت يوق، دەپلا جاۋاب بەرگەن.

مۇخبىر داۋاملىق كۆزىتىش ئارقىلىق ناماز شام مەزگىلىدە تەخمىنەن 20 نەچچە ياشانغان ئەر ۋە بىر نەچچە ئايالنى كۆرگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەسچىتكە كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىغان.

مۇخبىر خەۋەردە يەنە قەشقەر شەھىرىدىكى ھاياتلىق نورمال داۋام قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما نۇرغۇن دۇكاندارلارنىڭ ئىلگىرىكىدەك قىزغىن خېرىدار چاقىرمايدىغانلىقىنى، كىچىك باللار ۋە ياشانغانلارنىڭ قايغۇلۇق كۆرۈنىدىغانلىقىنى، قىزلارنىڭ ھەممىسىنىڭ چېچى قىسقا قىلىپ كېسىلگەنلىكىنى، ئۇلارغا كۈلۈمسىرەپ ئەھۋال ئىگىلەشنى مەقسەت قىلغان ھامان ئۇلار بەزىدە ئىشارەت ئارقىلىق باشقىلارغا ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىش ۋە پاراڭلىشىش چەكلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئاشكارىلىغان.

خەۋەردە يەنە خوتەن شەھىرىدىكى كونتروللۇقنىڭمۇ قاتتىق ئىكەنلىكى، ۋوگزالنىڭ 200 مېتىر ئىچىدە ھېچقانداق ماشىنىنىڭ يۈرۈشىگە يول قويۇلمايدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

خەۋەردە يەنە شەرقىي تۈركىستاندا ئىسلامغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئىش-ھەرىكەتنىڭ چەكلەنگەنلىكى، قەشقەردىكى ھېيتگاھ جامەسىدىن باشقا ئەتراپتىكى بارلىق مەسچىتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تاقالغانلىقى، بىر نەچچە ياشانغان كىشىدىن باشقا ساقال قويغان ئەرلەرنى كۆرگىلى بولمايدىغانلىقى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، گەرچە خىتايلار چەت ئەلگە قايتا ساياھەتكە چىقىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق ئۇيغۇرلارنىڭ پاسپورت ئالالمايدىغانلىقى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قورقۇنچلۇق باستۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ يەنىلا مەۋجۇت ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان.



# خىتاي رېجىمى ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى قايتا تەكىتلىدى

ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش» 25-ئۆكتەبىر ئايلىق كېڭىشىش سۆھبەت يىغىنى ئاچقان بولۇپ، يىغىندا شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قاراتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنىڭ ئاساسلىق ۋاستىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىۋاتقان ئاتالمىش «شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇشنى كۈچەيتىش» دېگەن جۈملىلەر قايتا-قايتا تەكىتلەنگەن.

ئاسىيا مەركىزىي ۋاقىت گېزىتىنىڭ 26-ئۆكتەبىر خەۋەر قىلىشىچە، مەزكۇر يىغىندا سۆز قىلغان سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى قورچاق ئەمەلدار نۇرلان ئەبىلمەجىن: «جۇڭخۇا مەدەنىيىتى مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتى گېنىغا ۋارىسلىق قىلىش كېرەك؛ ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، خىتاي مەدەنىيىتىنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىشنى كۈچەيتىش كېرەك» دەپ بىلجىرلىغان.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاي رېجىمىنىڭ يىللاردىن بۇيان بۇنىڭدەك ھەرخىل ناملار بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى مىللىي ئۆرپ-ئادىتى، ئەدەپ-ئەخلاق چۈشەنچىلىرىدىن، دىنىي ئەقىدىسىدىن يىراقلاشتۇرۇشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى، بۇ سەپسەتىلەرگە باشقىچە پىكىردە بولغان ھەرقانداق سۆز-ھەرىكەتنى قاتتىق باستۇرۇپ قىرغىن قىلىپ كەلگەنلىكىنى، بۇ خىل باستۇرۇشنىڭ كۆلىمى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تېخىمۇ كېڭىيىپ يۇقىرى پەللىگە چىققانلىقىنى، ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەردىلا ئەمەس، بەلكى يەسلى مەكتەپلىرىگىچە يامرىغاندىن باشقا، مىليونلىغان سەبىي ئۆسمۈرنىڭ ئاتا-ئانىلىرىدىن مەجبۇرىي تارتىۋېلىنىپ، خىتاي مەدەنىيىتىگە مەجبۇرلىغانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.




# خىتاي خوتەن شەھرىدە بۇددا دىنى تەتقىقات مەركىزى قۇردى

خىتاي شەرقىي تۈركىستاننى پۈتۈنلەي خىتايلاشتۇرۇش پىلانى بويىچە، خوتەن شەھىرىدە ئاتالمىش «خوتەن بۇددا دىنى مەدەنىيەت تەتقىقات مەركىزى»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۆت مەدەنىيەت تەتقىقات ئورگىنى قۇردى.

خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنىڭ بىر پارچىسى بولغان خىتايلاشتۇرۇش سىياسىتى بويىچە، خوتەن شەھىرىدە «خوتەن ئىنستىتۇتى، كۇئىنلۇن مەدەنىيەت تەتقىقات مەركىزى، خىتاي قاشتېشى مەدەنىيەت تەتقىقات مەركىزى ۋە خوتەن بۇددا دىنى مەدەنىيەت تەتقىقات مەركىزى» نامىدا بىر ئىنستىتۇت ۋە ئۈچ تەتقىقات مەركىزى قۇرغان.

26-ئۆكتەبىر ئۆتكۈزۈلگەن ئېچىلىش مۇراسىمىدا: «كۇئىنلۇن مەدەنىيىتى خىتاي مەدەنىيىتىدە سەل چاقىلغىلى بولمايدىغان رول ئوينايدۇ، بولۇپمۇ كۇئىنلۇن رايونىدىكى خوتەننىڭ بۇ ساھەدىكى رولى ئىنتايىن مۇھىم» دەپ بىلجىرلىغان.

خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، مىليونلىغان ئۆسمۈرلەرنى ئاتالمىش «ياتاقلىق مەكتەپلەر»دە خىتايلاشتۇرۇشتىن سىرت، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى خىتاي تىل-يېزىقى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئۆگىنىشكە ۋە قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىماقتا. شۇنداقلا ھەرخىل سەپسەتىلەر ئارقىلىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى خىتاي مەدەنىيىتىگە باغلاپ، شانلىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ خىتاي مەدەنىيىتىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرماقتا.




# خەلقئارا ئۇيغۇر مۇنبىرى يىغىنى ياپونىيەدە باشلاندى

29-ئۆكتەبىر ياپونىيەدە خەلقئارا ئۇيغۇر مۇنبىرى يىغىنى باشلانغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى پارلامېنت ئەزالىرىنى بىر يەرگە جەم قىلدى.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن 29-ئۆكتەبىر ياپونىيە پايتەختى توكيودىكى ئاۋام پالاتاسى بىناسىدا باشلانغان خەلقئارا ئۇيغۇر مۇنبىرى يىغىنىغا ياپونىيەنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇر پارلامېنت ئەزاسى ئەرفىيە ئەلى، 30 نەچچە دۆلەتتىن كەلگەن پارلامېنت ئەزالىرى ۋە شۇنداقلا دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى، ياپونىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتى.

مۇنبەرگە خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىگە ۋاكالىتەن بىرلىك باش كاتىپى ئابدۇرېشىد ئەمىنهاجى، تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ ئاۋستىرالىيە ۋەكىلى، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى مۇئاۋىن رەئىسى ئۇستاز ئابدۇسالام ئالىم ئىشتىراك قىلدى.

مەزكۇر مۇنبەردە خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى توختىتىش چارىلىرى، ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىنىدىغان بولۇپ، 31-ئۆكتەبىرگىچە داۋاملىشىدۇ.

خەلقئارا ئۇيغۇر مۇنبىرى يىغىنى بۇلتۇر 9-، 10-نويابىر بېلگىيە پايتەختى بىريۇسسېلدىكى ياۋروپا پارلامېنتى بىناسىدا ئۆتكۈزۈلگەنىدى ۋە يىغىننىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە بىريۇسسېل خىتابنامىسى ئېلان قىلىنغانىدى.




# تەشكىلاتلار بىرلىكى دوكتور ئەلى سەللابىينىڭ خىتايغا يازغان خېتى ھەققىدە بايانات ئېلان قىلدى

دۇنيا مۇسۇلمان ئالىملار بىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى دوكتور ئەلى سەللابىي خىتاي رىجىمى رەئىسى شى جىنپىڭغا ئوچۇق خەت يېزىپ، خىتاينىڭ پەلەستىن-ئىسرائىلىيە توقۇنۇشىدىكى مەيدانىنى مەدھىيەلىگەندىن كېيىن، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى بايانات ئېلان قىلىپ، قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى.

تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ باياناتىدا دوكتور ئەلى سەللابىينىڭ خىتاينىڭ پەلەستىن-ئىسرائىلىيە توقۇنۇشىدىكى «پەلەستىننىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش» مەيدانىنى، توقۇنۇشلارنى ھەل قىلىشتىكى ئاتالمىش «خىتاي ئەقىل-پاراستى»نى ماختىغانلىقى، ھالبۇكى، ئەلى سەللابىي ماختاۋاتقان خىتاينىڭ ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتىنى بولغان شەرقىي تۈركىستاننى 1949-يىلى ئىشغال قىلغاندىن بۇيان، تۇتقۇن قىلىش، جازا لاگېرىغا قاماش، مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش، ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش قاتارلىق جىنايەتلەرنى ئىزچىل سادىر قىلىپ كەلگەنلىكى، 2016-يىلىدىن تارتىپ يەنە ئاتالمىش «ئىسلامنى خىتايچىلاشتۇرۇش»تىن ئىبارەت ئىسلام دۈشمەنلىكى سىياسىتىنى يولغا قويغانلىقى قەيت قىلىندى.

باياناتتا يەنە 2018-يىلى دۇنيا مۇسۇلمان ئالىملار بىرلىكىنىڭ خىتايغا قارشى بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاي رىجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا قاراتقان رەزىل سىياسىتىنى ئەيىبلىگەنلىكى ۋە خىتاينى ئاگاھلاندۇرغانلىقى، ئەمما مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى بولغان دوكتور ئەلى سەللابىينىڭ شى جىنپىڭغا يازغان ئوچۇق خېتىدە بۇ نۇقتىلارنى قىلچە تىلغا ئالمىغانلىقى ئەسكەرتىپ ئۆتۈلدى.

باياناتتا خىتاينىڭ پەقەت مۇسۇلمان ئەللەرنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈنلا پەلەستىن مەسىلىسىنى قوللىغان قىياپەتتە كۆرۈنۈۋاتقانلىقى، دوكتور ئەلى سەللابىي ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش قاراشتىكىلەرنىڭ خىتايىنى «ئادالەتلىك» دەپ قارىشىنىڭ پۈتۈنلەي ئەقىلسىزلىك ئىكەنلىكى، شەرقىي تۈركىستاندا ئاياللار ۋە بالىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇسۇلمانلارغا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقان خىتايدىن ياردەم سوراشنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى نورماللاشتۇرۇشقا يول ئېچىپ بېرىدىغانلىقى تەكىتلەندى.

تەشكىلاتلار بىرلىكى باياناتىنىڭ ئاخىرىدا دوكتور ئەلى سەللابىينى خىتاي ھەققىدىكى كۆز قارىشىنى تۈزىتىشكە، بۇ مەسىلىدە بىر مۇسۇلمانغا، بىر ئۆلىماغا ۋە دۇنيا مۇسۇلمان ئالىملار بىرلىكىنىڭ بىر ۋەكىلىگە لايىق ھەرىكەت قىلىشقا چاقىردى.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ ئىنگلىزچە ۋە ئەرەبچە ئېلان قىلىنغان مەزكۇر باياناتى يەنە دۇنيا مۇسۇلمان ئالىملار بىرلىكى ۋە پەلەستىن ئۆلىمالار ھەيئىتىگىمۇ يەتكۈزۈلگەن.

دوكتور ئەلى سەللابىينىڭ شى جىنپىڭغا يازغان ئوچۇق خېتى 25-ئۆكتەبىر ئېلان قىلىنغان بولۇپ، دۇنيا مۇسۇلمان ئالىملار بىرلىكى ۋە پەلەستىن ئۆلىمالار ھەيئىتىنىڭ رەسمىي تور بېتىگىمۇ قويۇلغان. كۈچلۈك نارازىلىق سادالىرىدىن كېيىن، نۆۋەتتە مەزكۇر ئوچۇق خەت دۇنيا مۇسۇلمان ئالىملار بىرلىكىنىڭ رەسمىي تور بېتىدىن ئېلىۋېتىلگەن.



## تەشكىلاتلار بىرلىكى ۋەكىللىرى شىۋېتسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىدا زىيارەتتە بولدى

شىۋېتسىيە ئۇيغۇر مائارىپ ئۇيۇشمىسى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ ياۋروپا ئىشلىرى مەسئۇلى نىجات تۇرغۇن، شىۋېتسىيە ئۇيغۇر مائارىپ ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مەسئۇلى ئەخمەت تۇرسۇن، شەرقىي تۈركىستان ياشلار تەنتەربىيە ۋە كۇلتۇر جەمئىيىتىنىڭ كاتىپى ئابدۇخېلىل ئابدۇمەنناندىن قاتارلىقلاردىن تەشكىللەنگەن بىر ھەيئەت 25-ئۆكتەبىر شىۋېتسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىدا زىيارەتتە بولدى.

ھەيئەت شىۋېتسىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك خادىملىرى ۋە مىنىستىرلىقتىكى شەرقىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا بۆلۈملىرىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشكەن بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى قاتارلىقلارنى تونۇشتۇردى ۋە شىۋېتسىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى ۋە ئۇلار دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ شىۋېتسىيە ھۆكۈمىتىدىن كۈتىدىغان تەلەپلىرىنى يەتكۈزدى.




يىللاردىن بۇيان خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى خەلقئاراغا تونۇشتۇرۇشتا، مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئەڭ يېڭى ئۇچۇر-مەلۇماتلار، قىممەتلىك پىكىرلەر بىلەن تەمىنلەشتە مۇھىم رول ئويناپ كېلىۋاتقان ئىستىقلال ئاخبارات ۋە مېدىيا ئورگىنىنىڭ رەسمىي ئەپ دېتالى ئېلان قىلىندى.

شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ ئاخبارات ساھەسى بويىچە خىزمەت قىلىشنى نىشانلىغان ئاخبارات ۋە مېدىيا ئورگىنى - «ئىستىقلال» 2008-يىلى قۇرۇلغاندىن بۇيان، شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار ئىشەنچلىك، مۇھىم خەۋەرلەرنى، ئانالىزلارنى، سۆھبەت پىروگراممىلىرىنى سۇنۇپ كەلمەكتە. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئاكادېمىكلار، تەشكىلاتچىلار،

پائالىيەتچىلەر ۋە جامائەت ئەربابلىرى سۆھبەت پىروگراممىلىرىمىزغا قاتنىشىپ، قىممەتلىك پىكىرلەر بىلەن تەمىنلەپ كەلمەكتە.

نۆۋەتتە ئورگىنىمىز «شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى» نامى ئاستىدا ئۇيغۇرچە، تۈركچە، ئەرەبچە ۋە ئىنگلىزچە تۆت خىل تىلدا ئىستىقلال تور تېلېۋىزىيەسى، ئىستىقلال يازما خەۋەر تورى ۋە ھەرقايسى ئىجتىمائىي تاراتقۇ سۇپىلىرى ئارقىلىق ئاكتىپلىق ۋە ئىزچىللىق بىلەن خىزمەت سۇنۇۋاتقان بولۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىشغالىيىتى ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى خەلقئارا جەمئىيەتكە، خۇسۇسەن ئىسلام دۇنياسىغا تونۇشتۇرۇشتا مۇھىم سۇپا ۋە مەنبەگە ئايلاندى.

كۆرۈرمەنلىرىمىز، ئوقۇرمەنلىرىمىز ئۇيغۇرچە، تۈركچە، ئەرەبچە ۋە ئىنگلىزچە تۆت خىل تىلدا سۇنۇۋاتقان يازما خەۋەرلەر، مۇھىم خەۋەرلەر، كۈندىلىك ۋە ھەپتىلىك ۋىدېيو خەۋەرلىرى، ئايلىق ژۇرناللار، كارىكاتۇرلار ۋە تۈرلۈك تېمىلاردىكى سۆھبەت پىروگراممىلىرىمىزنىڭ جەمگاھى بولغان مەزكۇر ئەپ دېتالىمىز ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستان ۋە دۇنيا كۈنتەرتىپىگە ئالاقىدار ئەڭ يېڭى، ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا، ئانالىزلارغا تېخىمۇ ئاسان ۋە ئۆز ۋاقتىدا ئېرىشەلەيدۇ.




ئىشغالىيەت ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستان ۋە پەلەستىن ھامان بىر كۈنى ئۆز ئىستىقلالىغا ۋە تىنچلىققا ئېرىشىدۇ.

# ئىستىقلال ئاۋازى

## ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

**شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟**

**بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟**

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرى ۋە كۆز بويامچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


| | |
|---|---|
| باش مۇھەررىر | ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق |
| تەھرىر | ي. قۇرۇم |
| لايىھەلىگۈچى | سەيپىدىن تارىم |
| كارىكاتۇر | رادۋا ئادىل |
| نەشر قىلغۇچى ئورۇن | شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى |
| نەشر تۈرى | ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى |
| ئادرېس | Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dük. 2 Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL |



info@istiqlalmedia.com

www.istiqlalmedia.com www.istiqlalhaber.com

+90 553 895 19 33 +90 212 540 31 15

+90 541 797 77 00


**DOĞU TÜRKİSTAN BASIN VE MEDYA DERNEĞİ**

**شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى**